


### ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇتۇسكا ئىبسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ئەختىيارىي مۇخبىرىمىز **ئوبۇل ھاشىم** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز قاراقاش ناھىيەسىدە ۋۇتۇسكا ئىبسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

ئەركىن تۇنىياز نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، كەسپلەر باغچىسىنى زىيارەت قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، نامرات نوپۇسلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى؛ 83 نامرات كەنتكە چوڭقۇر چۆكۈپ يېزا - كەنت كادىرلىرى، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ئىگىلىرى، دېھقانلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىكى ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىقلار ۋە ھازىرقى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

ئەركىن تۇنىياز مۇنداق تەكىتلىدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ «ئۆچتە تەۋرەنمەسلىك» «ئۆچكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش» تەلىپىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك سالماق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كەسىپلەر تەرەققىياتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ كارخانىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسپىنى گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلىش كېرەك. «شىركەت + بازا + دېھقان ئائىلىسى» ئەندىزىسىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاممىنىڭ يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات نوپۇسلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشالىشىغا، كۆندە كىرىمى بولۇشىغا، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاممىنىڭ ئىدىيە خىزمىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغاپ، «مېنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇر»نى «مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلىمەن»گە ئۆزگەرتىش كېرەك. بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇش، پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت ئورتاق تۇتۇش، ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ماسلىشىپ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈسۈپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئەختىيارىي مۇخبىرىمىز **لىۋ مېڭشىن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يېڭىسار ناھىيەسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇتۇسكا ئىبسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى.

ۋاڭ جۈنجېڭ بۇ ناھىيەدىكى 24 نامرات كەنتكە قارىتا تولۇق قاپلىغان نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى. ھەربىر ئائىلىگە كىرگەندە، ۋاڭ جۈنجېڭ ئائىلىنىڭ نوپۇسى، كىرىمى، ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»، ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات نوپۇسلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە بولغان تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى.

ۋاڭ جۈنجېڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەققىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلەپكە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەر ۋاقىت ئاممىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 9 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، قەتئىي تەۋرەنمەي نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرگە ئايرىپ تەدبىر قوللىنىپ، دەل جايىدا بولۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشقا كۈچەپ، بىر كەنتكە بىر لايىھە، بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر، بىر ئادەمگە بىر تەدبىر قوللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامرات كەنتلەر ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشغا ياردەم بېرىش كېرەك. ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات نوپۇسلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى بىر تۈرلۈك قاتتىق ۋەزىپە سۈپىتىدە تۇتۇپ، قىسقا مۇددەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەسپىي ماھارەت تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات نوپۇسلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۇزاق ئۈنۈملۈك تۈزۈم ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنى تۈرگە ئايرىپ ئۆلچەپ تەكشۈرۈش مېخانىزمىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ۋاقتىدا مەسىلىلەرنى بايقاپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەكلىۋازلىق ۋە بيۇروكراتلىقتىن قەتئىي ساقلىنىپ، ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىپ، ياخشى ئىشنى پۇختا قىلىپ، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە ئورۇندىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئەختىيارىي مۇخبىرىمىز **يۈسۈپجان مەمەت** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن ئىبغىر نامرات ناھىيە گۇما ناھىيەسىگە بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇتۇسكا ئىبسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى. تيەن ۋېن مۇنداق تەكىتلىدى: «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، پۈتۈن كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇنداشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تيەن ۋېن قاتارلىقلار گۇما ناھىيەسىدىكى بۇ يىل نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈلىدىغان 50 نامرات كەنتنى ئايلىنىپ، 254 ئائىلىگە كىرىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى، تۇرمۇش مۇھىتىنى تەكشۈردى، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئىقتىسادىي كىرىمى، تەن ساغلاملىقى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دەل جايىدا يارقىلەندۈرۈش، دەل جايىدا چېكىندۈرۈش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش ھەم ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇش ئەھۋالى، بولۇپمۇ كەسپلەر ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»، سىياسەت جەھەتتىن يۆلەش ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

تيەن ۋېن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك. گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە ئاجىز ھالقىلارنى ھەققىي نىشانلاپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، مەسئۇلىيەت، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قەتئىي تۈردە يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى تولۇقلاپ، يۇقۇم دەخلى يەتكۈزگەن ۋاقىتنى قايتۇرۇۋېلىپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك سالماق بىلەن خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئەختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **مۇرادىل ئابدۇللا، ئابلىمىت ئابدۇللا** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى سارقىت ئاقان ئىبغىر نامرات ناھىيە لوپ ناھىيەسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇتۇسكا ئىبسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «يەتتە بىر تۈركۈم»نى ئالغا سىلجىتىپ، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق جەڭنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

سارقىت ئاقان لوپ ناھىيەسىدىكى بۇ يىل نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈلىدىغان 41 نامرات كەنت، چېكىنىپ چىققان 11 كەنت، ئىككى نامرات ئەمەس كەنتنى تولۇق قاپلىغان زىيارەت ئېلىپ باردى. 128 نامرات ئائىلىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلار بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىپ، ئۇلارنى ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئۆزگىچە تايىنىپ، تىرىشچانلىقتا تايىنىپ ياخشى كۈن كەچۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى. 40 كەسىپلەر تەرەققىيات تۈرى، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش نۇقتىلىرى، ئەمگەك كۈچلىرى يۆتكەلمىدىغان كارخانىلار، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىك تۈرلىرىنى نەق مەيداندا زىيارەت قىلدى.

سارقىت ئاقان مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە خەلققە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى، «قانچە مۈشكۈل، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەش»تەك قەھرىمانلارچە جاسارەت، «مەقسەتكە يەتمىگۈچە بولدى قىلماسلىق»تەك كۈرەش قىلىش روھى، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە ئاتلىنىش كېرەك. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئىقتىدار ۋە ساپانى ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىپ، سىياسەتنى چۈشىنىش، ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ باشتىن - ئاخىر توغرا يولنى بويلاپ ئالغا سىلجىتىلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ، بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر قوللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۇسلۇبنى ياخشىلاپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئەختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **ۋاڭ نىڭ، لىۋ يۈەن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن ئىبغىر نامرات ناھىيە ئاقتۇ ناھىيەسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇتۇسكا ئىبسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئالتە يېزا - بازاردىكى 24 نامرات كەنتنى نەق مەيداندا زىيارەت قىلىپ، 124 نامرات ئائىلە، كۆزىتىلىدىغان ئائىلە، نامراتلىق گىرۋىكىدىكى ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىشىپ كېتىش سەۋەبى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى يۈزتۇرا ئىگىلىدى.

ياڭ شىن نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈرۈش، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، نامرات كەنتلەردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كەسىپلەر تۈرى بازىسى، باشقا جايغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى، نۇقتىلىق كارخانا ۋە ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىرىنچى قول ماتېرىيال ۋە ھەققىي ئەھۋالنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىپ، ئىگىلەپ، نامرات كەنتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىكىر يولىنى راۋانلاشتۇرۇشى، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئىش مۇددىتىنى تەتۈرىسىگە تىزىپ نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى، يېتەكچىلىك قىلدى.

ياڭ شىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا نەپ يەتكۈزۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈش ئۆلچىمىنى چىڭ تۇتۇپ، سان - سىپىردا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ساختا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ھەم شۇ جايدىكى نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىغان ئىشى بولۇش، كۆندە كىرىمى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ھەم «قان بېرىش»نى «قان ئىشلەش»كە ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، نامرات ئاممىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، دەل جايىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مۇساپىسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇنداش - ئورۇندىيالماسلىقنىڭ ئاچقۇچى ئادەمدە، ئاچقۇچى كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئۈستىدە. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى مەخسۇس تۈزەشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شەكلىۋازلىققا، بيۇروكراتلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، خىزمەت، تۇرمۇش قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىكى كاپالەتلەندۈرۈشنى ياخشى ئىشلەپ، ئاساسىي قاتلامدىكى نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرىنى دىققىتىنى يىغىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە ئاتلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشى ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنىڭ تۈرتكۈچىسى، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسىي موتورى. بۇ يىل، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر جەمئىي 2157 داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئاپتونوم رايون ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى شۇجىلىرى مەسئۇل بولغان نۇقتىلىق تۈرلەرگە قوماندانلىق قىلىش، ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىش مۇددىتىنى تەتۈرىسىگە تىزىپ، نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىپ، 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئىشنى 100% ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. تۈر قۇرۇلۇشلىرىدا پۈتۈن كۈچنى ئىشقا سېلىش، تېز ئالغا سىلجىتىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلمەكتە.

ئىشچىلارنىڭ ئىش ئورنىغا كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى «زاكازلىق ئاپتوموبىل ھۆددىگە ئېلىش، ئايروپىلان ھۆددىگە ئېلىش» قاتارلىق مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى، تۈركۈم - تۈركۈم ئىشلەمچىلەر ياكى ھۆددىگە ئېلىنغان ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، ياكى ئىشلەمچىلەر مەخسۇس پويىزغا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا يۈرۈپ كەتتى.

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، قۇرۇلۇش كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان 968 ئىشلەمچى ئولتۇرغان مەخسۇس پويىز ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. پويىزنى كۈتۈۋېلىشقا بارغان جۇڭگو قۇرۇلۇش گۇرۇھى شىنجاڭ قۇرۇلۇش گۇرۇھى 4 - قۇرۇلۇش چەكلىك شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر يىن خەيتاۋ مۇنداق تونۇشتۇردى: شىركەتتىكى 200دىن ئارتۇق ئىشلەمچى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى يېڭى مەكتەپ رايونى قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۆت تۈرنىڭ قۇرۇلۇش ئورنىغا باردۇ. كېيىن كېلىدىغان ئىشچىلار ئىش ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن، ھەممىسى 40تىن ئارتۇق تۈرگە قاتنىشىدۇ.

«ھۆكۈمەت كۆڭۈلدىكىدەك، ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلدى، كارخانىمىز تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلدى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قۇرۇلۇشقا تېزرەك ئاتلىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ» دېدى ئۈرۈمچى ئولىمپىك تەنتەربىيە مەركىزى تۈر ئەمگەك مۇلازىمىتى شىركىتىنىڭ مەسئۇلى خې شىڭگۈي.

نۆۋەتتە، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تۈرلەردە ئىش باشلاش شارائىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلەرنى تەستىقلاش ۋە خەۋەردار چاقىرىش، خەۋەردار چىقىشنى تېزلىتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىش باشلاش ۋاقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، 3 - ئايدىن باشلاپ ھەر ئايدا ئىش باشلىغان تۈرلەرنىڭ بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلەت ئىستراتېگىيەسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىسى، نۇقتىلىق خىزمىتى، مۇھىم تەدبىرلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، تۆمۈريول، تاشيول، خەلق ئاۋىياتسىيەسى، سۇچىلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى، خەۋەرلىشىش، سەھىيە، مائارىپ، شەھەر ئاممىۋى مۇلازىمىتى قاتارلىق ساھەلەردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى، ئاجىز تۈرلەرنى چىڭ كۆزلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، پائال پىلانلاپ، «بىر تۈركۈمنى قۇرۇش، بىر تۈركۈمدە ئىش باشلاش، بىر تۈركۈمنى زاپاس ساقلاش»تەك ياخشى ئايلىنىشنى شەكىللەندۈردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«بىز ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، مۇددەتتىن بۇرۇن ئىش ئورنىغا قايتىدىغان خادىملارنى توشۇش، تۇرۇشلۇق جايدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش لايىھەسى ۋە خادىملارنىڭ ئىش ئورنىغا قايتىش تىزىملىكىنى يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئۇدۇللاشتۇردۇق ھەم قۇرۇلۇشقا قاتناشقان ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى پائال غەملىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى بىخەتەر، تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى كورلا تۆمۈريول قۇرۇلۇشى قوماندانلىق ئىشتابى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يۈك شياۋلۇڭ.

گولمۇد - كورلا تۆمۈريولى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تۆمۈريول قۇرۇلۇش تۈرى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1215 كىلومېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ بۆلىكى 708 كىلومېتىر)، تۆمۈريول چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ گولمۇدتىن باشلىنىپ، غەربكە قاراپ ۋۇتۇمېيرېن، گەنسېن، خۇاتۇگوۋ قاتارلىق ۋوگزاللاردىن ئۆتىدۇ، ئالتۇنتاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە شىنجاڭدىكى مىرەن، چاقىلىق، لوپنۇر قاتارلىق ۋوگزاللاردىن ئۆتۈپ كورلىغا بارىدۇ، پۈتۈن لىنىيەدە بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا قاتناش باشلاپ، تىجارەتكە كىرىشتۈرۈش پىلانلاندى. نۆۋەتتە، شىنجاڭ بۆلىكى رېلىس ياتقۇزۇش باسقۇچىغا كىردى.

«بىز تېز سۈرئەتتە يىغىلىپ، تېز سۈرئەتتە مەيدانغا كىرىپ، ھەرقايسى مەشغۇلات كۆلەملىرىدىكى قۇرۇلۇش ئىش تەرتىپىنى تېز سۈرئەتتە قانات يايدۇردۇق. بۇ يىل بىز قۇرۇلۇش لايىھەسىنى ئۆزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، ماتېرىياللارنى مەيدانغا كىرگۈزۈشنى ئىلمىي تەشكىللەپ، ئورۇنلاشتۇرۇش سىستېمىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ‹ئادەم دەم ئالسىمۇ ماشىنا دەم ئالماسلىق›تەك قوش ئىسمېنىلىق مەشغۇلات ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، گولمۇد - كورلا تۆمۈريولىدا قەرەلىدە قاتناش باشلاپ، تىجارەتكە كىرىشتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى 1 - ئىدارىسى گولمۇد - كورلا تۆمۈريولى شىنجاڭ بۆلىكى تۈرىنىڭ مەسئۇلى خۇاڭ كېجۈن.

ئىگىلىنىشىچە، شىنجاڭغا كىرىپ - چىقىدىغان 3 - تۆمۈريول لىنىيەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، گولمۇد - كورلا تۆمۈريولى پۈتكەندىن كېيىن، چىڭخەي، شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ تۆمۈريول تورى قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، لىنىيە بويىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىساد - سودا ئالاقىسى ۋە بايلىق ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدىكەن.